Uluslararası
Uygur Araştırmaları Dergisi
2016/7

# زۇنۇن قادىرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقىغا قوشقان تۆھپىسى

# Zunun Kadir’in Uygur Edebi Ahbaratçılığına Katkısı

# Contribution of Zunun Kader at Nonfiction Work in Uyghur Literature

*Ablet BERKİ*[*]

**Özet**

*Bu makalede, Çağdaş Uygur edebiyatında önemli bir tür olan edebi haberciliğin ortaya çıkışı ve Zunun Kadir’in “Şefkat Hemşiresi” isimli eserinin bu türün Uygur edebiyatına girişindeki katkısı üzerinde durulmuştur. Bugüne kadar okuyuculardan büyük ilgi gören “Ahmetcan Kasimi” isimli eser ile bu tür daha da önem kazanmıştır. Zunun Kadir 20. yüzyıl Uygur edebiyat tarihinde sadece hikayeciliği ile değil ahbaratçılık türü ile de öne çıkmıştır. “Şefkat Hemşiresi” isimli eseri ile kahraman Uygur kızı Rızvangül; Amannisahan, Nuzuğum, Yette Kızlarım gibi halk arasında haklarında efsaneler anlatılan kahramanlara dönüşmüştür. Zunun Kadir’in edebi ahbaratlarını az ve öz olarak ifade etmek yerinde olacaktır.*

***Anahtar Kelimeler:*** *Zunun Kadir, Röportaj, Kahraman Hemşire, Ahmetcan Kasimi*

**Abstract**

*This article analyzes the history of reportage in the Uyghur contemporary literature. First reportage work “nurse hero” invention by the Zunun Kader at the 1948, “Ahmatjan Kasimi” is another one of his reportage works, it is also very popular on the Uyghur society. From this works, readers understand that what is reportage and how it is power. So, one side, Zunun Kader become founder of Uyghur short stories, another side he also considered founder of reportage under the literature. Since “nurse hero” published at the Journal of literature, name is “Rizwangul” of protagonist become much great for Uyghurs like historic figure of princess Amannisa, Nuzugum, seven hero girls etc. In the short, Zunun Kader reportage work is small number, but is brilliant.*

***Keywords***: *Zunun Kader, Reportage, Nurse Hero, Ahmatjan Kasimi*

## ئاساسىي مەزمۇنى

بۇ ماقالىدە چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر تۈر ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ يېڭى تۈر زۇنۇن قادىرنىڭ <<شەپقەت ھەمشىرىسى >> ناملىق ئوچېرىكى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەيدا بولدى. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر سۆيۈپ ئوقۇلۇۋاتقان <<ئەخمەتجان قاسىمى >>ناملىق ئەسەر بىلەن بۇ خىل تۈرنىڭ ھاياتى كۈچى ئىسپاتلاندى. يازغۇچى زۇنۇن قادىر 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ھىكايىچىلىقىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە تۆھپە قوشۇپلا قالماي ئەدەبىي ئاخباراتتىن ئىبارەت بىر تۈرنىڭ پەيدا بولۇپ،خەلق تەرىپىدىن

---

[*] شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتوتى فىلولوگىيە تارماق ئىنستىتوتىنىڭ دوتسېنت ئىسرائىلىيە خەيفا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنت دوكتۇر تەتقىقاتچىسى ,سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى
İlhat adrisi:berqi1997@gmail.com.

ئېتراپ قىلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى. <<شەپقەت ھەمشىرىسى >>ناملىق ئەسەر ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ قەھرىمان قىزى رىزۋانگۈلنىڭ نامى ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەلىكە ئامانىنساخان،نۇزۇگۇم، يەتتە قىزلىرىم كەبى ئەل ئاغزىدا رىۋايەتكە ئايلانغان خانىم قىزلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. زۇنۇن قادىرنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتلىرىنى ئاز ۋە ساز دەپ سۈپەتلىسەك ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

## ئاچقۇچلۇق سۆزلەر

زۇنۇن قادىر ،ئەدەبىي ئاخبارات،شەپقەت ھەمشىرىسى ،ئەخمەتجان قاسىمى

زۇنۇن قادىر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پىروزىچىلىقىنىڭ ئاساسىنى سالغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى.ئۇ 1911-يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۇربىلجىن ناھىيەسىدە شەھەر كەمبەغىلى ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ, بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى قىيىنچىلىق ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن; ئەدەبىيات ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە خەلقتىن ئۆگەنگەن. 1988-يىلى قازاقىستانىنىڭ پايتەختى ئالمۇتا شەھرىدە ۋاپات بولغان.

ئەدىب 1937-يىلىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولسىمۇ ھەرخىل ئىجتىمائىي سەۋەپلەرتۈپەيلىدىن ئىجادىيىتى ئانچە مول ھوسۇللۇق بولۇپ كېتەلمىگەن. يازغۇچى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئەسەرلىرى 1992-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرياتى تەرىپىدىن ‹‹زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرى›› نامدا، 32 فورمات 23.7 باسما تاۋاق 755 بەتلىك بىر پارچە كىتاب ھالەتتە نەشر قىلىنغان. لېكىن ئەدىبنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئاز بولغان بىلەن ناھايىتى ساز يېزىلغان بولۇپ، شۇنداقلا ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرلىرىدا قەلەم تەۋرەتكەن. پۈتۈن كىتاب ھېكايە -ئوچېرىك،سەھنە ئەسەرلىرى ،خاتىرىلەر ،ماقالىلەر ،مەسەللەر ۋە چۆچەكلەردىن ئىبارەت بەش بۆلۈمدىن تەركىپ تاپقان.مەسەللىرى ئاساسەن شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان.

كىتاب ئىچىدە ئەڭ زور سالماقنى ئىگەللەيدىغىنى يازغۇچىنىڭ ھېكايە-ئوچېرىك ۋە خاتىرىللىرىدىن ئىبارەت.مەن بۇ ماقالىدە ئەدىبنىڭ تېخى تەتقىقاتچىلارنىڭ بەك كۆپ نەزىرى چۈشۈپ كەتمىگەن ئەدەبىي ئاخبارەت ئىجادىيىتى ھەققىدە توختىلىمەن.

ھەممىگە مەلۇم، ئەدەبىيات ئاخبارات ياكى ئاخبارات ئەدەبىياتى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولۇپ ۋايىغا يەتكەن پروزا ئەسەرلىرى ئىچىدىكى يېڭى تۈر.ھەتتا ئەدەبىي ئاخباراتنى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يېڭى بىر ژانىر دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.لېكىن جوڭگودا نەشر قىلىنغان ئەدەبىيات نەزىرىيسىگە ئائىت كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەدەبىي ئاخباراتنى نەسىرنىڭ مۇھاكىملىك نەسىر تۈرىگە تەۋە بىر خىل ئىجادىيەت شەكلى دەپ قاراپ كەلگەن.لېكىن ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ جەمىيەتتە يۈز بەرگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى چىن ۋە پاكىتلىق قىلىپ يېزىش ،ئۇنى يەنە چىنلىق بىلەن ئەدەبىيلىكنىڭ بىرلىكى دەپ قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە ئايرىم ژانىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئاخبارات ئەدەبىياتى دەپ ئاتاپ ئەدەبىي ئاخبارات ،ئوچېرىك ،خاتىرە ئەدەبىياتى ،زىيارەت خاتىرىسى ،تەزكىرە ۋە تەرجىمھال قاتارلىقلارنى بۇ ژانىرنىڭ بىر تۈرى دەپ ئاتاپ قويىدىغانلارمۇ بار.

ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ جوڭگودىكى تارىخى ھەققىدە سۆز بولغاندا خەنزۇ ئەدەبىيات تارىخچىللىرى ‹‹19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى جوڭگودا گېزىتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ نەسىر ۋە ئاخباراتنىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە ›› ئەدەبىي ئاخبارات پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ.ئەدىب لياڭ چىچاۋنىڭ ‹‹ۋۇشۈ يىلىدىكى سىياسى ئۆزگىرىش خاتىرىسى ›› دېگەن ئەسىرىنى ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ خۇسۇسىيىتى بار ئەسەر دەپ قارايدۇ.لېكىن جوڭگودا ئەدەبىي ئاخبارات دېگەن سۆز 1930-يىللىرىدا تۇنجى قېتىم قوللىنىلغان .1932-يىلى ئايىڭ تاللاپ تۈزگەن ‹‹شاڭخەي ئۆزگىرىشى ۋە

ئەدەبىي ئاخبارات » دېگەن ئەسەردە ئەدەبىي ئاخبارات دېگەن سۆز تۇنجى قېتىم قوللىنىلغان(http://www.zgbgwx.com/a/20121026/15713.html)

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بولسا ئەدەبىي ئاخبارات دېگەن سۆز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئوچېرىك دېگەن نامدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان.تۇنجى ئوچېرىكنى زۇنۇن قادىر يېزىپ ئۈچ ۋىلايەتتىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان.كىشىلەر راست ۋەقە ،راست ئىش ،راست ئادەملەرنى ئەدەبىي ئەسەر تۈسىدە يېزىپ قويىدىغان ،خاراكتىر جەھەتتە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى «تارىخى رەشىدى» ، «بابۇرنامە» كەبى ئەسەرلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ خىل يېڭى ئىجادىيەت شەكلىنى ئوچېرىك دەپ ئاتىغان .ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئوچېرىك دېيىشىگە ئوچېرىك دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان رۇس تىلى ئەدەبىياتى تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە مەتبۇئاتقا تەسىر كۆرسەتكەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا رۇسچە تەربىيە ئېلىپ كىرگەن زىيالىلار بۇ يېڭى شەكىلنى ئوچېرىك دەپ ئاتىغان .ئوچېرىك رۇسچە سۆز بولۇپ كۆرسىتىدىغان مەنىسى خەنزۇچىدىكى ئاخبارات ئەدەبىياتى ياكى دوكلات ئەدەبىياتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، رۇسلار ئەدەبىيات بىلەن ئاخباراتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزىگە جەم قىلغان بۇ ژانىرنى ئوچېرىك دەپ ئاتىغان.ئەپسۇس، ئىككى تىلدىن كىرگەن ،بىرلا ئوبيېكتقا قارىتىلغان بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇرچىدا ئىككى خىل ئاتىلىپ بۈگۈنكى كۈندە ئوخشاش خاراكتېردىكى ئەدەبىي ئەسەرنى كۆرسىتىدىغان ،لېكىن ئايرىم ـ ئايرىم ئاتىلىپ ئادەمگە ئىككى خىل تۈردەك كۆرۈنىدىغان بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلىپ بولدى .ھەتتا بەزىلەر ئوچېرىك بىلەن ئەدەبىي ئاخباراتنى پەرقلەندۈرىدىغان ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈردى.

زۇنۇن قادىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدىنقى سېپىتىدە ئۇرۇش مۇخبىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا ئۇرۇش جەريانىدا يۈزگەن بەزى تەسىرلىك ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپلا قالماي بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بەزى ۋەقەلەردىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغانلىقى ،ھەتتا تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ يېتىپ ،ئەشۇ ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ تىپىكلىرىدىن بىرى بولغان قەھرىمان شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈلنىڭ ئۇرۇش جەريانىدىكى كەچۈرمىشىنى ئۆز پېتى قەلەمگە ئېلىپ «شەپقەت ھەمشىرىسى » دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلغان .ئەسەر ئېلان قىلىنىپ زور تەسىر قوزغىغان ۋە رىزۋانگۈل تارىختىن بۇيانقى ،مەلىكە ئامانىساخان،ئىپارخان، نۇزۇگۇم،مايىمخان،تۇمارىس قاتارلىق قەھرىمان ئۇيغۇر قىزلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئوچېرىك ياكى ئەدەبىي ئاخبارات دەپ ئاتىلىدىغان چىن ئىش-ۋەقە،راس ئادەملەر بايان قىلىنىدىغان يېڭى ئىجادىيەت شەكلىگە نىسبەتەن كۆرۈلۈپ باقمىغان تارىخى قىزغىنلىق كۆتۈرۈلگەن.بۇ قىزغىنلىق كېيىنكى مەزگىلدە سۇسلاشقان بولسىمۇ 1980-يىللاردىن كېيىن يەنە بىر قېتىم گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بۇماقالىمىزنىڭ مەقسىدى زۇنۇن قادىرنىڭ ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتى ھەققىدە سۆزلەش بولغاچقا بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمىز.

«زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرى» دېگەن كىتابقا ئەدىبنىڭ «شەپقەت ھەمشىرىسى » ،ئەخمەتجان قاسىمى » ، «خاتىرجەم بولغان ئائىلە» ، « بىر دېھقان يىگىت بىلەن سۆھبەت » ، «بەختىخاننىڭ ھاياتى » قاتارلىق بەش ئوچېرىكى ۋە «خاتىرىلەر » نامىدىكى خېلى چوڭ ھەجىملىك بىر ئەسلىمىسى كىرگۈزۈلگەن.

«شەپقەت ھەمشىرىسى » دېگەن ئەسەر 1948-يىلى نويابىردا يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان.بۇ ئەسەرنى ئەدىبنىڭ بۇ ساھەدىكى تۇنجى ئىجادىيىتى دەپ قاراش مۇمكىن.

زۇنۇن قادىرنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئوچېرىك ‹‹ ئەخمەتجان قاسىمى ›› 1952-يىلى 8-ئايدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ھاياتىنى ئۆگۈنۈش ۋە ئوبرازىنى تەتقىق قىلىشتا قورال خاراكتىرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر.قالغان ئۈچ پارچە ئوچېرىك 1960-يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان بولۇپ خېلى زور دەرىجىدە تەشۋىقات پۇرىقىغا ئىگە.بۇ ئوچېرىكلارنىڭ ئەدىپنىڭ ئىجادى ھاياتىدىكى بىر چېكىنىش دەپ قاراش مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز.1980-يىللاردىن كېيىن يېزىلغان ئەدىبنىڭ تەرجىمھالى خاراكتىرلىك ئەسەر بولۇپ بالىلىق ھاياتى ۋە ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغانغا قەدەر بولغان ۋەقەلەر يېزىلغان.نىمە سەۋەپتىندۇر ئەسلىمىنىڭ ئاخىرى يېزىلمىغان ،بەلكىم ئەدىبنىڭ سالامەتلىكى يېزىشقا يار بەرمىگەن بولۇشى ياكى ھاياتىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەر بۇ قىسمىنى يېزىشقا يول قويمىغان بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن يۇقارقى ئەدەبىي ئاخبارات ياكى ئوچېرىكلار ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۇل قۇرۇلۇشى خاراكتىردىكى ئەسەرلەر بولۇپ كېيىنكى ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتى ئۈچۈن قىممەتلىك ئۈلگە بولۇپ قالدى ۋە ئۇلارنى ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان تەجرىبە ساۋاقلار بىلەن تەمىنلىدى.بولۇپمۇ ‹‹شەپقەت ھەمشىرىسى ›› ۋە ‹‹ ئەخمەتجان قاسىم›› ناملىق ئىككى پارچە ئەسەرنى قەھرىمانلار ۋە داھىلارنىڭ ئوبرازىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش ،قانداق قىلىپ چىنلىقتا سادىق بولۇش ئاساسىدا ئوبراز يارىتىش ،يارىتىلغان ئوبرازلار ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىدولوگىيىسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىش قاتارلىق تەرەپلەردە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

‹‹شەپقەت ھەمشىرىسى›› دېگەن ئەسەر ناھايىتى قىسقىلا يېزىلغان بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيەسىنىڭ سانىتارلىق قىسمىدا ئىنقىلاب ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان سېستىرا قىز رىزۋانگۈلنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان.ئەسەر قارىماققا ناھايىتى ياخشى يېزىلغان ھىكايىگە ئوخشايدۇ.ئاپتورنىڭ ئەسەرنى باشلاپ ئاخىرلاشتۇرغۇچە بولغان جەريانى ئادەمگە بۇ بىر ھىكايىمىكىن دېگەن تەسىر بېرىدۇ.لېكىن ئاپتورنىڭ يېزىۋاتقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ،يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە.ئاپتور رىزۋانگۈلنىڭ ئوبرازىنى ئوقۇرمەنگە ئۇششاق تەپسىلاتلار بىلەن تاپشۇرۇپ ،رىزۋانگۈلنىڭ ئاددىي بىر ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەسەرنى ئىككىسىنىڭ تونۇشۇپ قالغان ۋاقتى-ئېنىقراقى ئاپتورنىڭ رىزۋانگۈلنى تونۇغان ۋاقتىدىن باشلاپ ھىكايە قىلىدۇ.

بىر جەڭچى مىلتىقنىڭ چاقمىقىنى ئورنىغا سېلىشتا تەمترەپ قالىدۇ.رىزۋانگۈل مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ ھېچقانداق تەمترىمەستىن چاقماقنى ئورنىغا سېلىپ قويىدۇ.ئوقۇرمەن مانا مۇشۇنداق تەپسىلاتلار بىلەن ئەسەرگە چوڭقۇرلاپ كىرىدۇ.بىر دىتال-بىر دىتالدىن يېزىپ رىزۋانگۈلنىڭ خاراكتىرىنى نامايەن قىلىدۇ.ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك قەھرىمان قىزى رىزۋانگۈل كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ.

ئاپتور بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ يېزىۋاتقىنىنىڭ بىر ئاخبارات ئەسىرى ئىكەنلىكىنى بىرەر دەقىقىمۇ ئېسىدىن چىقارمايدۇ.ھەرقانداق بىر تەپسىلاتنىڭ چىن بولۇشىنى قوغلىشىدۇ.لېكىن بۇ بىر ئاخبارات ئەسىرى ئىدى دەپ قاراپ ئولتۇرماي بەدىئىي ئەسەر يېزىۋاتقان كەبى ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا كۆچەيدۇ.بىر قەدەم -بىرقەدەمدىن رىزۋانگۈل ئوبرازىغا ئىچكىرلەپ كىرىدۇ.ئەڭ ئاخىرىدا رىزۋانگۈلنىڭ ئېغىر يارىلىنىپ قۇربان بولغانلىقىنى يېزىپ ئەسەرنى شۇنداق تەبىئىي ئاخىرلاشتۇرىدۇ.ھەم بەدىئىي ئەسەر ھەم ئاخبارات ئەسىرى بولۇشتەك پەللىگە مۇۋاپىقيەتلىك يېتىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىشنىڭ مۇۋاپىقيەتلىك ئۈلگىسى

بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئاپتۇرنىڭ يەنە بىر مۇۋاپىقىيەتلىك چىققان ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرى ‹ ‹ئەخمەتجان قاسىمى› › دۇر.

ھەممىگە مەلۇم ئەخمەتجان قاسىمى ماۋزېدوڭ تەرىپىدىن جوڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىرقىسمى دەپ نام بېرىلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان داھىسى،رەھبىرى.

ئاپتۇر بۇ ئەسەرنى 1952-يىلى 8-ئايدا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يازغان.بۇ ئەسەرنى ئاپتۇرنىڭ ئىككىنچى ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرى دەپ قاراش مۇمكىن.ئاپتۇر ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئىمىشقا بۇ ئەسەرنى يازغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن بۇ ئەسەردە پەقەت ئەخمەتجان قاسىم ھەققىدە كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى يازىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.ئەسەرنى ئوقۇپ بولۇپ ھەقىقەتەن ئاپتۇرنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىم ھەققىدە يازدىم دېگەن گېپىنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى ،ئاپتۇرنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزى بىۋاستە بېشىدىن كەچۈرگەن ،ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەخمەتجان قاسىم ئوبرازىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى يازغانلىقىنى بىلىمىز.

ئاپتۇر بۇ ئەسەردىمۇ ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ ئەدەبىيلىك بىلەن ئاخباراتچانلىقىنىڭ بىرلىككە باشتىن ئاخىر رىئايە قىلغان.شۇنداقلا ئەخمەتجان قاسىمنى تونۇغاندىن بۇيانقى تەپسىلاتلارنى تەپسىلى يېزىش ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمنىڭ داھىيانە ئوبرازىنى قايتا گەۋدىلەندۈرگەن.

داھىلارنى يېزىش ئەدەبىياتتىكى نۇرغۇن ئادەم قەلەم تەۋرىتىشتىن قورقىدىغان بىر تېما.چۈنكى داھىلارنى يېزىشتا سەللا ئېھتىيات قىلمىسا ،ھەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئېزدەپ ،چىنلىقتا سادىق بولۇش پىرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرمىسە بىلىپ -بىلمەي چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارغۇ قىلىپ قويۇش ئېھتىماللىقى يوق ئەمەس.ئۇندىن باشقا ئاپتۇرنىڭ يېزىۋاتقىنى ئەدەبىي ئاخباراتقا مەنسۇپ ئەسەر بولۇپ ،توقۇلمىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك بولغاچقا تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىش زۆرۈر.شۇنداقتىمۇ زۇنۇن قادىر بۇ تېمىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قولغا ئېلىپلا قالماي ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا بىزگە ئەل سۆيگەن بىر داھىنىڭ ئوبرازىنى تەقدىم قىلىدۇ.ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئوبرازى قەلبىمىزدا تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

ئاپتۇر ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا بەزى ئۆزى كۆرمىگەن تەپسىلاتلارنىمۇ يېزىشقا مەجبۇر بولىدۇ.لېكىن بۇ تەپسىلاتلار ئەينى چاغدا مەتبۇئاتتىن ئورۇن ئالغان ياكى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىنىڭ ئېغىزىدىن كەلگەن بولغاچقا ئەسەرنىڭ چىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.بەلكى تېخىمۇ ئوبرازلىق تۈس ئالىدۇ.

ئاپتۇر بۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا پۈتۈنلەي بايانغا تايانماي ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە مۇۋاپىق جايلىرىغا  قىسقا ۋە جانلىق مۇھاكىمىلەرنى قىستۇرۇپ ئەسەرنىڭ جەلىبكارلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە ،بۇ ئەسەرلەردە زۇنۇن قادىرنىڭ خەلق تىلىغا ئىنتايىن يېقىن بولغان تىل ئۇسلۇبى ۋە ناھايىتى قىسقا ۋە جانلىق جۈملىلىرى ھەممە جايدا ئۆزىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ.سەللا دىققەت قىلمىسا ئادەمنى رومان ئوقۇۋاتقان بىر كەيپىياتقا چۆمدۈرۈپ قويىدۇ.

زۇنۇن قادىر يۇقارقى ئېسىل ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن باشقا ‹ ‹خاتىرجەم بولغان ئائىلە› › ، ‹ ‹بىر دېھقان يىگىت بىلەن سۆھبەت› › ، ‹ ‹بەختىخانىنىڭ ھاياتى › › ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتقا مەنسۇپ ئەسەرلەرنىمۇ يازغان .لېكىن بۇ ئەسەرلەر ئەينى دەۋر چەكلىمىسى ۋە شۇ دەۋر

سىياسىتىنىڭ نەتىجىللىرىنى ئۇبرازلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان بولغاچقا ئادەمگە ئالدىنقى ئەدەبىي ئاخباراتلاردەك ئېسىل تەسىر بىرەلمەيدۇ.بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغان كىتابخان ئەسەرنىڭ بەدىئىي گۈزەللىكىدىن زوقلانغاندىن باشقا ئاپتۇرنىڭ بۇ ئەسەرنى مەلۇق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن يېزىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنىمۇ بىلىۋالايدۇ.ئاپتۇر قارىماققا چىن ۋەقە ،چىن ھادىسىلەرنى يېزىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن تەپسىلاتلار تەسۋىرىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر تۈپەيلىدىن بۇ يەردە يېزىلىۋاتقان چىنلىقنىڭ ئەملىيەتتە شەكىلدىكى چىنلىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىدۇ.ئاپتۇر بۇ ئەسەرلىرىدە ئۆز سادىر قىلغان كەمچىلىك ئارقىلىق ئەملىيەتتە ئەدەبىي ئاخباراتتا ئەكس ئېتىدىغان چىنلىقنىڭ يۈزەكى ۋە شەكىلدىكى چىنلىق ئەمەس بەلكى ماھىيەتتىكى چىنلىق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىما قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن ئەدەبىي ئاخباراتتىكى چىنلىق بەدىئىي چىنلىق ۋە ياكى يۈزەكى چىنلىق ئەمەس بەلكى تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك چىنلىقى بولۇشى كېرەك.ئاپتۇر چوقۇم يېزىقچىلىق جەريانىدا شەكلەن ھادىسىلەرنى ئەمەس تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك.بولمىسا ئەدەبىي ئاخبارات نىسبەتەن پىچەك ۋە ئىشەنچىسىز چىقىپ قالىدۇ.بۇنداق ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ ھېچقانداق تەسىرلەندۈرۈش كۈچىمۇ بولمايدۇ.

**خۇلاسە**

زۇنۇن قادىر ئۆمرىدە يازغان ئەدەبىي ئاخباراتقا ئائىت ئەسەرلەر بەك كۆپ بولمىسىمۇ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋاپىقىيىتىدىن بۇ ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر بۈگۈنكى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرى دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز.شۇنداق زۇنۇن قادىر ئۆز ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنى قانداق يېزىش ھەققىدە بىزگە ناھايىتى جانلىق بىر دەرس ئۆتۈپ ھاياتىنى تاماملىدى.ئەلۋەتتە بىز بۇ ماقالىدە سەھىپە ئېھتىياجى ۋە ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىش يۈزىسىدىن ئاپتۇرنىڭ ‹‹ خاتىرىلەر ›› دېگەن ئەسلىمىسى ھەققىدە توختالمىدۇق.يۇقارقى مىسال كەلتۈرگەن ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىلا ئاپتۇرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقىدىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ دەپ قارىدۇق.

## پايدىلانمىلار ۋە ئىزاھاتلا


زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرى ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ،1992ـ يىلى 5ـ .ئاي بىرىنجى نەشرى.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى،ئالى مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك ،ئازاد سۇلتان ،كېرىمجان ئابدۇرەھىم تۈزگەن.شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى بىرلىشىپ نەشر قىلغان.2002ـ يىلى 9ـ ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى ،ئەركىن ئوغۇز ئابدۇرېھىم ۋە ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن.شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002ـ يىلى نەشر قىلغان.